


ئامانتۇر:

## «ئاممىنىڭ تەبەسسۇمى خىزمىتىمنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى»

□ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۆيى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى سارقوبۇ يېزىلىق توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ئامانتۇر ھېسامىدىن تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، نەق مەيداندا ھەربىي پارات مۇراسىمى ۋە ئاممىۋى نامايىش پائالىيىتىنى كۆردى.

يېقىندا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئامانتۇر تېلېفوندا خۇشاللىقىنى باسالمىدى: «مەن مۇشۇنداق تەنتەنىلىك مەنزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش پۇرسىتى بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدىم. جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پەخىرلەندىم ۋە ئىپتىخارلاندىم. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بېيجىڭدا كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يۇرتداشلارغا سۆزلەپ بېرىمەن».

بۇ يىل 45 ياشقا كىرگەن ئامانتۇر بۇلتۇر تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەنتتە تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئىلى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ نىلقا ناھىيەسى قارا سۇ يېزىسىنىڭ چوڭ قارا سۇ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى بولغان.

توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقلىقىدىن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى بولۇشقىچە، ئامانتۇرنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى.

2018 - يىلى كەنت ئاھالىسى مالەنخۇا ئاغرىپ قېلىپ ئىككى قېتىم دوختۇرخانىدا داۋالاندى، ئامانتۇر ئۇنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىپ، ھويلا - ئارانلىرىنى تازىلاپ، باشقۇرۇپ بەردى، يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تۇرۇبا سۈيى ئەكىرىشكە ياردەم بەردى، ئۇنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

كېسىلى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان مالەنخۇا ئامانتۇرنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن، يېزىدىكى ئاساسلىق كوچىدىن بىر دۇكان ئىجارىگە ئېلىپ ناشتىلىق ساتتى، ھازىر ئۇنىڭ كىرىمى مۇقىم بولۇپ، سودىسى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

كەنت ئاھالىسى جاڭ شېڭجۈن روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، تۇرمۇشتا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايتتى. 2018 - يىلى كۈزدە، جاڭ شېڭجۈننىڭ قىشنى ئىسسىق ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، كەنت ئۇنى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ قورۇسىدا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامانتۇر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، چېچىنى ياساپ، تاماق ئاپىرىپ بېرىپ، ئۆيىنى تازىلاپ، «مېھىر - شەپقەت ئۆيى خىزمەتچىسى» بولدى.

كەنتتە زىيارەتتە بولغاندا، ئامانتۇر كەنت ئاھالىسى قانات تۇردىخوجىنىڭ ئائىلىسىدە تۆت جان بارلىقى، ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسىنىڭ بىرلا خىللىقى، كىرىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئائىلىسىدىكى قوتاننىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى، قايتا سېلىشقا مەبلىغى يېتىشمەي، چارۋىلىرىنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە تەسىر يەتكەنلىكىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ يېڭى قوتان سېلىشىپ بەردى.

ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان مۇشۇنداق كىچىك ئىشلارنى ئامانتۇر ئۇدا ئون نەچچە يىل داۋاملاشتۇردى. ئۇ سارقوبۇ يېزىلىق توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشلاپ، يېزا - كەنت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە بېرىپ 40 نەچچە ئادەم قېتىم ئوقۇغۇچىغا ياردەم بەردى، ئىگە - چاقىسىزلار، مېيىپلەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 100 نەچچە قېتىم خالىس مۇلازىمەت قىلدى. يەنە توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدا «مېھىر - شەپقەت تاللا بازىرى» ئېچىپ، قاراشلىق رايوندىكى قىيىنچىلىقى بار دېھقان - چارۋىچىلارغا ياردەم بەردى.

«ئاممىنىڭ كۈلكىسى خىزمىتىمنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. يۇرتداشلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى ئۈچۈن قىلغان بارلىق خىزمىتىم ئەرزىيدۇ» دېدى ئامانتۇر.

ھازىر ئامانتۇر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى ئېسىل ئىستىلىنى يەنە خىزمەت ئەترىتىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت تەجرىبىسى مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى، دېھقانلارغا ياردەم بېرىش، چارۋىچىلارغا ياردەم بېرىش، ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا يار - يۆلەك بولدى.

غېيزاتوللا:

## «مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ياڭراق ئاۋازىم بىلەن كۈيلەيمەن»

□ مۇخبىرىمىز جەزىرە نىيىشبېك

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» بولۇش سۈپىتى بىلەن، غېيزاتوللا ئەنۋەر بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلىنىش ئالدىدا، غۇلجا شەھىرى ئالتە شوئار كوچىسىنىڭ خاس مەھەللە رايونىدا بىر مەيدان ئويۇنغا قاتناشتى. سەھنىدە، غۇلجا شەھىرى ئالتە شوئار مەھەللىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاككوردىيونچىلار مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئەزاسى غېيزاتوللا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن تاتار مىللىتىنىڭ خەلق ناخشىسى «سېغىنىش»نى ئېيتتى.

«ناخشا ساداسى بىلەن ئاككوردىيون ساداسى ھازىر مېنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ رەڭدار مەدەنىيىتىنى تارقىتىدىغان قانىتىم، مەن ھەربىر مەيدان ئويۇننى قىزغىن سۆيىمەن.» غېيزاتوللا مۇنداق دېدى: «ئويۇنىمىزنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ خۇشال بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، كۆپچىلىكنىڭ بىزنىڭ ئويۇنىمىز ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىمەن».

2009 - يىلى پېنسىيەگە چىقىشتىن بۇرۇن، غېيزاتوللا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ كادىرى بولۇپ، ئاساسلىقى مىللىي تىل تەرجىمە ئىشلىرى، دەرس ئۆتۈش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى تىل ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەمۇرىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ دەرسنى جانلىق، قىزىقارلىق ئۆتىدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇش - ئوقۇتۇش سېپىدىكى بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ياش ئوقۇتقۇچىلارغا تەجرىبە ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمىتىدە يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەرگەن.

«مەن پارتىيە مەكتىپىنىڭ كادىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىزنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتىمىز. مەن ھەر ۋاقىت باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىمەن» دېدى غېيزاتوللا.

غۇلجا كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت توپلانغان جاي، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، غېيزاتوللا جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «مەدەنىيەتنى قوغداشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى» «تاتار مىللىتىنىڭ يېقىنقى زامان شىنجاڭ مائارىپى ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا» قاتارلىق 70 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە يېزىپ ھەم ئېلان قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك كۈچىنى قوشتى.

غېيزاتوللا تاتار مىللىتىدىن بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئۈچ - تۆت خىل تىلدا سۆزلىيەلەيتتى. ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇشتەك مەدەنىيەت كەيپىياتىنىڭ تەسىرىدە، ئۇ كىچىكىدىنلا ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئاككوردىيون چېلىشقا ماھىر ئىدى.

2018 - يىلى، غېيزاتوللا يېڭى كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىنى تاپتى، ئۇ ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان يەتتە دوستى بىلەن ئالتە شوئار مەھەللىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاككوردىيونچىلار مۇزىكا ئەترىتىنى قۇردى. بۇ سەھنە غېيزاتوللانى ناخشا ساداسى ۋە ئاككوردىيون ساداسى ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، مۇزىكا ئەترىتى 30 نەچچە مەيدان ھەر خىل ئويۇن قويدى. «ئىلگىرى، مەن پەقەت بىر ئاككوردىيون ھەۋەسكارى ئىدىم، ھازىر، مەن مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ياڭراق ئاۋازىم بىلەن كۈيلەيمەن.» دېدى غېيزاتوللا.

«مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلەنگەنلىكىدىن غېيزاتوللا ھەسسىلەپ ئىلھاملاندى: «ۋەتىنىمىز كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتىدۇ، بىز تېخىمۇ قەتئىي ھالدا پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئۆز كۈچىمىزنى داۋاملىق قوشۇشىمىز كېرەك».

## مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىنىڭ ئاقسۇ بېكىتىدىكى پائالىيىتى باشلاندى

مۇخبىرلىرىمىز چېن چياڭۆيى، گې يوۋجۈن خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، 6 - نۆۋەتلىك شىنجاڭنىڭ خاس مېۋە - چېۋىلىرى (ئاقسۇ) سودا يەرمەنكىسى ھەم 2019 مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتى (ئاقسۇ بېكىتى پائالىيىتى) ئاقسۇ شەھىرىدە باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەت 2019 مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش (شىنجاڭ) پائالىيىتىنىڭ 2 - بېكىتىدىكى پائالىيەت. شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 200 نەچچە سېتىۋېلىش سودىگىرى يەرمەنكىگە قاتناشتى، 370 كارخانا كۆرگەزمىگە قاتناشتى.

لوپ ناھىيە كۇنلۇنشۇ بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ كۆرگەزمە ئورنىدىكى قۇرۇق مور ھەمدە كىچىك ئورۇلۇق مور ئۇششاق يېمەكلىكى كۆپلىگەن سېتىۋېلىش سودىگەرنى جەلپ قىلدى. بۇ شىركەت خوتەن ۋىلايىتىدە 1500 مودىن ئارتۇق مور ئۆستۈرۈش بازىسى قۇرغان بولۇپ، نۆۋەتتە يىللىق ھوسۇلى 1500 تونناغا يېتىپ، شۇ جايدىكى 50 مىڭغا يېقىن ئادەمنى نەپكە ئېرىشتۈردى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى نامرات ئاھالە. «بۇنىڭدىن ئىلگىرى شىركىتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش غەربىي شىمال بازارلىرىغا مەركەزلەشكەنىدى، بۈگۈنكى كۈندە گۇاڭدۇڭ، جىياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى مېھمان سودىگەرلەرنىڭمۇ مەھسۇلاتلىرىمىزغا ئالاھىدە قىزىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمىز. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ يىراقلارغا سېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى بۇ شىركەتنىڭ سېتىش باش نازارەتچىسى لىيۇ دومىن.

سودا مىنىستىرلىقى بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى لى گاڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى پۇرسەت بىلىپ، ئاقسۇنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى چوڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سودىگەرلىرى بىلەن مۇقىم بولغان ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاقسۇنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىنىڭ مۇقىم ئېشىشى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

كەنتتە تۇرۇش نۇقتىسى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئالاقىلىشىش نۇقتىسىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «تۆتكە سېلىشتۇرۇش، تۆتنى تېپىش» تەلىپى بويىچە، ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاپ، خىزمەتكە تەتبىقلاپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى.

يېزا ئىگىلىك سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتى دېھقانلار ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. قومۇل شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارىسى سۇ مەمۇرىيىتى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش مەركىزى ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋۇ خۇڭفاڭ مۇنداق دېدى: «بىز كوللېكتىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆزى ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ‹سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بوشلۇق تەكشى بولۇش، سىستېمىلىق تۈزەش، ئىككى قولدا كۈچەش›تىن ئىبارەت سۇنى تىزگىنلەش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتىنى ئىزچىل ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، سۇ تېجەش مۇكاپات تولۇقلىمىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سۇ تېجەش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇردۇق».

قومۇل شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى «تۈزىتىش»نى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش قائىدىسىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىش بېجىرىش ۋاقتى چېكىنى قىسقارتىپ، كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش، باج، ئۆي باشقۇرۇشنى «بىر كۆزنەكتە قوبۇل قىلىش»نى ئالغا سىلجىتىپ، بىر رايون، ئىككى ناھىيەنىڭ كۆچمەس مۈلۈكنى ئادەتتىكىچە تىزىملاش، رەنگە قويۇشنى تىزىملاش ۋاقتىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئون، بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىپ، «ئۇچۇرغا كۆپرەك يول ئېچىپ، ئاممىنى ئاز قاتراتىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

### ■ ھەقىقىي ئۆگىنىپ ئەمەلىي تۈزىتىش ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاش

نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش قومۇل شەھىرىنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم ئۇسۇلى. قومۇل شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىپ، مەسىلىگە تەتبىقلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىپ، دىققەتنى ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

قومۇل شەھىرىنىڭ ئېۋىرغول رايونى «بىر ئالاقىلەشكۈچىنى بېكىتىش، بىر يۈرۈش ئۆگىنىش ماتېرىيالى يەتكۈزۈش، بىر قېتىم لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللەش، بىر قېتىم سىردىشىشنى قانات يايدۇرۇش، بىر قېتىم پىكىر ئېلىش»تىن ئىبارەت ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش، ئۆگىنىشنى يەتكۈزۈش شەكلى ئارقىلىق، ئۆگىنىش - تەربىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باش تېما تەربىيەسىنى ئاممىۋى خىزمەتكە ئومۇميۈزلۈك سىڭدۈرۈپ، سۆز - ھەرىكەتتە ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئامما ئىشىنىدىغان، ئىشەنچلىك، ئايرىلمايدىغان سىرداشقا، قەلبداشقا ئايلاندۇردى.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى بۇرچۇنچى بازارلىق پارتكوم باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنى باش تېما تەربىيەسىدە سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماي، ھەقىقىي تۈردە چۆل - جەزىرە كان رايونىغا چېچىلىپ كەتكەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇردى. ھەر ھەپتىدىكى دۆلەت بايرىقى چىقىرىشتىن كېيىنكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، بۇ بازار پارتىيە ئەزالىرىنى مەركەزلىك ئۆگىنىش، پارتىيەگە كىرىشتىكى ئەسلى مەقسەت ھېكايىلىرىنى سۆزلەش، پارتىيەگە بولغان قەلب سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىش قاتارلىقلارغا تەشكىللىدى. ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، پارتىيەگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ چىڭىتىلدى.

بۇ ناھىيەنىڭ كۆلياقا يېزىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇن - نىزامنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. يېقىندا، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق كۆلياقا يېزىسى بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يەرلىك توخۇ سېتىش، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق بىر تۈركۈم دېھقان - چارۋىچىلار جىددىي ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق مەسىلىلەرنى رەتلەپ چىقتى.

## ئاپتونوم رايونىمىز نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

«9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامرات ئائىلىلەرنىڭ شەھەر - يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 60 ياشتىن ئاشقان نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنىڭ تارقىتىشقا تېگىشلىكلىرى تولۇق تارقىتىلدى» دېدى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى فەن ئەيىن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ شەھەر - يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشىنى تولۇق قاپلاش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى نامراتلارنى يۆلەش، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىلەن سانلىق مەلۇماتلاردىن ھەمبەھرلىنىدىغان، ئالماشتۇرىدىغان مېخانىزم بەرپا قىلىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشمىغانلارنى ئېنىق ئايرىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نومۇرىنى ئۆچۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ شەھەر - يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققىنى ھۆكۈمەت ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرىنىڭ بارلىق نامرات رايون ۋە نامرات ئاممىنى قاپلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ شەھەر - يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99.98%كە يەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، 60 ياشتىن ئاشقان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىن ئىلگىرى پۇلى بولمىغاچقا ھەق تاپشۇرالمىغان ياكى ھەق تاپشۇرغان ۋاقتى 15 يىلغا توشمىغانلار تولۇقلاپ تاپشۇرمىسىمۇ بولىدىغان، بۇ يىلدىن باشلاپ كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بىۋاستە بەھرىمەن بولالايدىغان بولدى. بۈگۈنكى كۈندە خەۋەرگە ئوخشاش پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 60 ياشتىن ئاشقان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ياشانغاندا كۆتۈنەلەيدىغان بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.